# بەربرە ۋە ئۇنىڭ ئېرى ھەققىدىكى ھەدىس

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەربرە ۋە ئۇنىڭ ئېرى ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەربرەگە: ئېرىڭ بىلەن يېنىشىۋالغان بولساڭچۇ؟ دېگەندە، ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنى بۇيرۇۋاتامسىلا؟، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، مەن مۇرەسسە قىلىۋاتىمەن، دېدى، بەربرە: مېنىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر ئېھتىياجىم يوق، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بەربرەنىڭ ئېرى مۇغىس ئىسىملىك بىر قۇل ئىدى، بەربرە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى ئازات قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇغىس بىلەن ئۆي تۇتۇش ياكى ئايرىلىپ كېتىش ئىختىيارلىقى بېرىلگەندە ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. مۇغىس بەربرەگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، ئۇنىڭ قارارىنى قايتا ئويلۇنۇپ ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەمىكىن دەپ، ياشلىرى ساقىلى ئاققۇدەك يىغلاپ، مەدىنىنىڭ كوچىلىرى ۋە يوللىرىدا ئۇنىڭ كەينىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەربرەگە: ئېرىڭ بىلەن يېنىشىۋالغان بولساڭ ساۋاب بولار ئىدى، دېدى. بەربرە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنى يېنىشىشقا ۋاجىب شەكىلدە بۇيرۇۋاتامسىلا؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارا تۇرۇۋاتىمەن، دېدى. بەربرە: ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشقا ھېچبىر ئېھتىياجىم ۋە قىزىقىشىم يوق، دېدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee